# ئۈمىدكە تولغان دالا، ئىستىقبالى پارلاق مۇنبەت تۇپراق

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**(1) ئۈمىدلىك دالا**

«باش شۇجى بۇنىڭغا قاراڭ، ھازىر قوناقلار ھەم ئېگىز، ھەم غوللۇق، ئۆسۈش ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن پىشىدۇ، شۇ چاغدا بىر مو يەردىن 800 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ئالغىلى بولىدۇ، بۇ يىل بىز يەنە مول ھوسۇلنى كۈتۈۋالىمىز».

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ كىندىك رايونى، جىلىن ئۆلكىسى سىپىڭ شەھىرى لىشۇ ناھىيەسىدىكى دۆلەت مىليون مولۇق يېشىل يېمەكلىك خام ماتېرىيالى(قوناق)نى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ يادرولۇق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ رىشاتكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىدى، قوناقلىق كۆز يەتكۈسىز بولۇپ، يېشىل دولقۇن مەۋج ئۇرۇۋاتاتتى.

بۇ، بەش يىل ئىچىدە شى جىنپىڭنىڭ ئۈچىنچى قېتىم جىلىنغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولۇشى. بۇ قېتىم كەلگەندە، بىرىنچى بېكەتتىلا مۇنبەت قارا تۇپراققا بېرىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش، يەنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

«ئالدىنقى يىلى خېيلۇڭجياڭدىكى جيەنسەنجياڭدا شالىنى كۆرگەنىدىم، بۇ قېتىم قوناقنى كۆرۈپ باقاي دېدىم.» قوناقلىقتا شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئۈستىدە توختالدى، «بۇ يىل يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، ئاچقۇچ كۈزلۈك ئاشلىقتا. بۇ يىل ئاپەت كۆپ بولدى، مەن شەرقىي شىمالدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن».

بۇ، دەل قوناقنىڭ ئاتلىق ساقال چىقىرىش مەزگىلى بولۇپ، قوناقنىڭ ئۇچىدىكى پۆپۈكلىرى قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك يالتىرايتتى. ئون نەچچە ئۇچقۇچسىز ئايروپىلان پۈركۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

جىلىن ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىكى مەسئۇل يولداش مۇنداق دوكلات قىلدى: بۇ يىل پۈتۈن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ئاشلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 830 مىڭ مو كۆپەيدى، قوناق مايسىلىرىنىڭ ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى 96.06%كە يەتتى، بۇ، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سەۋىيە، قوناق، شال، دادۇردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سورتنىڭ ھازىر تۈپىنىڭ ئېگىزلىكى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېگىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش جەھەتتىمۇ سېلىنما كۆپەيتىلدى.

قوناقلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئەھۋاللاردىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ، شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئاشلىق دېگەن ئاساس! كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كۈزلۈك ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىش كېرەك».

لىشۇ ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى بەش كۈچلۈك ناھىيەنىڭ بىرى، شۇنداقلا قارا تۇپراقنى قوغداش ـ پايدىلىنىشتىكى تەجرىبە ئېتىزى. 2007 ـ يىلدىن باشلاپ، بۇ جاي قوناق شېخىنى يېپىش، پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى يادرو قىلىنغان لىشۇ ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش ۋە قارا تۇپراقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۈستىلەنگەن ئۈنۈم ئېففېكتىنى شەكىللەندۈردى.

پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي، باش شۇجى شى جىنپىڭ قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، قارا تۇپراق كەسمە يۈزىنى كۆزىتىش نۇقتىسىغا بېرىپ، يېقىن ئارىلىقتا قارا تۇپراقنى قوغداش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە نەق مەيداندىكى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن پاراڭلاشتى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داشۆسىدىن كەلگەن پروفېسسور لى باۋگونىڭ لىشۇ ناھىيەسىدە يىلتىز تارتىپ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا ئون نەچچە يىل بولدى. ئۇ كولاپ ئېچىلغان قارا تۇپراق قاتلىمىنىڭ كەسمە يۈزىنى كۆرسىتىپ، باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: بۇ يەرنىڭ قارا تۇپراق قاتلىمى ئەسلىدە ئاز دېگەندە 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئىدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن بۇيان، شامالنىڭ يالىشى، سۇنىڭ يالىشى قوشۇلۇپ، ھەر يىلى ئۈچ مىللىمېتىر ئەتراپىدا ئازىيىپ كەلدى.

«100 نەچچە يىل بولدى، ئەگەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانمىساق، يەنە نەچچە ئون يىلدىن كېيىن تامامەن يوقىلىشى مۇمكىن» دېدى باش شۇجى ئەندىشە قىلغان ھالدا.

«بىز مۇنداق ئامال تاپتۇق، قوناق شېخىنى ئېتىزغا قايتۇردۇق، بۇ، خۇددى قارا تۇپراققا يوتقان يېپىپ قويغانغا ئوخشايدۇ، شامالنىڭ يالىشى، سۇنىڭ يالىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، يەنە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ نەملىكنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، شاخ ـ شۇمبىلار چىرىگەندىن كېيىن يەنە تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىسىنى ئاشۇرىدۇ. تۇپراق يۇمشاق بولسا، قوناق تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپلا قالماي، يەنە يېتىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.» لى پروفېسسور باش شۇجىغا قارا تۇپراقنى قوغدايدىغان لىشۇ ئەندىزىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

«بۇ ئەندىزىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.

«لىشۇ ناھىيەسىدە 2 مىليون موغا كېڭەيتتۇق، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 18 مىليون موغا كېڭەيتتۇق، 40 مىليون موغا كېڭەيتىشنى پىلانلىدۇق».

«بۇ خىزمەت بەك مۇھىم!» باش شۇجى شى جىنپىڭ سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «شەرقىي شىمال دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ قارا تۇپراق رايونىنىڭ بىرى، ‹ئالتۇن قوناق بەلبېغى›، ‹دادۇر ماكانى› بولۇپ، قارا تۇپراق يۇقىرى ھوسۇللۇق، مول ھوسۇللۇق بولۇش بىلەن بىللە، يەرنىڭ قۇۋۋىتى خوراش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. چوقۇم ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قارا تۇپراقتىن ئىبارەت بۇ ‹تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇشۇكئېيىقى›نى ياخشى قوغداپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش كېرەك. لىشۇ ئەندىزىسىنى يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ».

قارا تۇپراقنى قوغداشتىن پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكىچە توختىلىپ، باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: «يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچ پەن ـ تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تايىنىش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك بازىلىرى بىلەن پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئىلمىي ماقالىنى ھەقىقىي تۈردە كەڭ زېمىنغا يېزىپ، دېھقانلارنى ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، ئەڭ ياخشى تېخنىكا ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك».

يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكىنى قانات قىلىشقا موھتاج، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

2015 ـ يىلى، شى جىنپىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا جىلىن ئۆلكىسىدىن «زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇش»نى تەلەپ قىلغانىدى. بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى، جىلىن ئۆلكىسى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تىجارەت سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلدى، ھازىر 36 مىڭ ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى، 86 مىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى.

قوناقلىقتىن ئايرىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ لىشۇ ناھىيەسىنىڭ كاڭپىڭ كوچىسى بالمياۋ كەنتىگە جايلاشقان لۇۋبېي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كەلدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى قورۇسىدىكى بىر قاتار زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى باش شۇجىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«بۇ، قوناق بىرلەشمە كومباينى، قوناق ئۈزۈش، پوستىنى سويۇش، يىغىپ قاچىلاشنى بىر قېتىمدىلا تاماملىيالايدۇ؛ بۇ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى، ئوت ئوتاش، ئېتىزدا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ بۇ، تايلاش ماشىنىسى، ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، بىر قېتىمدىلا شاخ ـ شۇمبىلارنى يىغىپ، يانجىپ، توپىسىنى ئايرىپ، ئاخىردا تايلايدۇ، بەكلا ئالقىشقا ئېرىشتى...» ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى لۈ ۋېي بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى، ئۇ بۇلارنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرنى ئۆبۈروت قىلىش ئارقىلىق كۆلەملەشكەن، ماشىنىلاشقان تىجارەت ئىشقا ئاشتى، چوڭ تىپتىكى ماشىنىلار كەڭ ئېتىزلاردا گۈرۈلدەپ ماڭدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى، دېھقانلارنىڭ پايدىسى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئەمگەك سىجىللىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

«كوپېراتىپقا كىرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك قانداق ھېس قىلدىڭلار؟» ھەمكارلىق كوپېراتىپى قورۇسىدا، باش شۇجى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىغىنى ئاچتى.

«ناھايىتى ياخشى!» كوپېراتىپ ئەزالىرى كوپېراتىپقا كىرگەندىن كېيىنكى ئەمەلىي نەپنى ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن بەس ـ بەستە مىسال كەلتۈردى:

«يەرنى كوپېراتىپقا تاپشۇرساق خاتىرجەم بولىمىز، ئۆزىمىز تېرىغاندىن ياخشى» «بىر يىلدا 8000 يۈەندىن ئارتۇق پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ، ھېيت ـ بايراملاردا كوپېراتىپ يەنە كۆپچىلىككە دادۇر يېغى، ئۇنى پاراۋانلىق سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرىدۇ» «مەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھەيدەيمەن، ھەر ئايدا مۇقىم مائاش ئالىمەن» «مەن بىكار ۋاقىتلىرىمدا ئۆيدە كۆكتات تېرىيمەن، يەنە بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىپ، پارچە ـ پۇرات خىراجەتكە ئىشلىتىمەن» «مەن ئادەتتە سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئۆي بېزەيمەن، بىر يىلدا 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمەن» «مەن ئون نەچچە تۇياق كالا باقتىم، يىللىق كىرىمىم 80 ـ 70 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ»...

«قالتىسقۇ! يەر ئۆبۈروت قىلىنسا، كۆپچىلىكنىڭ قولى بوشايدۇ، كوپېراتىپتا ئىشلىسىمۇ بولىدۇ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرسىمۇ بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئىزدىنىشلىرىڭلار ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۆزۈڭلارغا ماس كېلىدىغان ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەرەققىيات يولىدا مېڭىپسىلەر، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەڭلار، دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساپاسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆسۈپتۇ.» باش شۇجى ئىنتايىن خۇشال بولدى.

«يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى يولىدا قانداق مېڭىش ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىۋاتىمىز. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاتلىنىش جەريانىدا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى بازار شارائىتىدا دېھقانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىدىغان تەشكىلىي شەكىل، شۇنداقلا يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى پايدا ئالغىلى بولىدىغان تەشكىلىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت سىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىقى يولىدا ياخشى مېڭىشىڭلارنى داۋاملىق قوللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۆپ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ئىلھام بېرىدۇ».

**(2) تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى**

«ئالدىنقى قېتىم 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا توققۇز يىل ئىلگىرى كەلگەنىدىم، بۇ قېتىم كېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىم يورۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم، ئىلگىرىلىگەچكە ئوخشايدىكەن ـ ھە!» 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چاڭچۈندە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى تەتقىق قىلىپ ئېچىش باش يۇرتىغا كەلدى، يول بويى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يېڭى جۇڭگو ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ «بۆشۈكى».

60 نەچچە يىل ئىلگىرى، خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ھەممە كەسىپ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەندە، تۇنجى يۈك ئاپتوموبىلى «جيېفاڭ»، تۇنجى پىكاپ «دۇڭفېڭ»، تۇنجى ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ «خۇڭچى» بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلىپ، مىللىي ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئارزۇسىنى يېلىنجاتقانىدى.

60 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىل ياساش كارخانىسىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى جۇڭگومۇ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

«قاقاسلىقتا زاۋۇت قۇرۇشتىن ئۆز ئالدىغا تىپ ئۆزگەرتىشكىچە، يەنە قۇرۇلمىنى تەڭشەشكىچە، 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى تارىختا ئۈچ قېتىم ئىگىلىك تىكلەشنى باشتىن كەچۈردى، ھازىر بىز ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىپ 4 ـ قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەۋاتىمىز.» 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ مەسئۇلى باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: كارخانا ھازىر يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، تىپى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاپتوموبىل كەسپىدە رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىنى چوڭقۇر بىلىدۇ: «ھازىر خەلقئارادا ئاپتوموبىل ياسىمىچىلىقىدا رىقابەت ناھايىتى كەسكىن بولۇۋاتىدۇ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، ھەمبەھىرلىنىش قاتارلىقلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا خەتەرمۇ بار، پۇرسەتمۇ بار، خەتەر ئىچىدە پۇرسەتمۇ بار».

باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن ئاپتوموبىل قاتتىق ماتېرىياللىرىنى ئۆلچەش ـ سىناش تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ، كارخانىنىڭ پەن تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. پەن تەتقىقات خادىملىرى باش شۇجىغا ئەڭ يېڭى بەرپا قىلىنغان ۋاستىسىز گولوگرافىك سۈرەت، يۈرەك رىتىمىنى ئۆلچەيدىغان رول قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇردى ھەمدە نەق مەيداندا رەقەملىك تەقلىدىي تېخنىكا قوللىنىلىپ بەرپا قىلىنغان ئاپتوماتىك ھەيدەشنى ئۆلچەش ـ سىناش سىستېمىسىنى كۆرسەتتى.

كۆرگەزمە زالىدا، پۈتۈنلەي يېڭى ئېلېكترلەشكەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق تورغا ئۇلانغان تېخنىكا سۇپىسى، يۇقىرى قۇۋۋەتلىك ھىدروگېن يېقىلغۇ باتارېيەسىلىك موتور قاتارلىق ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى، «خۇڭچى» قاتارلىق سۈپەتلىك ماركىلىق ساپ توكلۇق SUV، ھەشەمەتلىك سودا ئىشلىرى پىكاپى، دەرىجىدىن تاشقىرى مۇسابىقە ئاپتوموبىلى، شوپۇرسىز كىچىك ئاپتوبۇس قاتارلىق ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى پۈتۈن ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرى قاتار تىزىلغانىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ماڭغاچ كۆرۈپ، ئاپتوموبىلنىڭ لايىھەسى، ئىقتىدارى قاتارلىق ئەھۋاللارنى پات ـ پات سوراپ تۇردى، يەنە زور قىزىقىش بىلەن يېڭى نۇسخىدىكى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، رولنى تۇتۇپ، نەق مەيداندا سىناپ باقتى: «ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن، شەكلى مودا بولۇپلا قالماي، يۇقىرى تېخنىكىنى تېخىمۇ نامايان قىپتۇ».

بۇ يىلدىن بۇيان يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، ئاپتوموبىل كەسپى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش مىقدارىنى ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئاشۇرۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا 1 مىليون 630 مىڭ ئاپتوموبىل ساتتى، بولۇپمۇ خۇڭچى قاتارلىق ئۆز ئالدىغا ياسىغان سۈپەتلىك ماركىلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، سېتىلىشى سىجىل ئاشتى.

«بىز ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتىگە ئايلىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئاپتوموبىل كۈچلۈك دۆلىتى بولۇشىمىز كېرەك.» 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلدى.

«ئۆزىمىزنىڭ ئاپتوموبىل ياسىمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا ئوخشاش مۇشۇنداق كارخانىلار ئاۋانگارت بولۇشى كېرەك. چوقۇم ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكىلارنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ، مۇشۇنداق ئىرادە تىكلەپ، مىللىي ئاپتوموبىل سۈپەتلىك ماركىلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر جۇڭگو ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى، سانائەت كۈچلۈك دۆلىتى بولۇشتىن ئىبارەت تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتا، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەگىم يولدا يانداپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك».

1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتى جىلىن، ھەتتا شەرقىي شىمال رايونىنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىنىڭ، سۇمۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلانغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنىڭ باش ۋەزىپىسى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، كونا ـ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەلىرىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ يولى.

چاڭچۈن يېڭى رايونى يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە بارلىققا كەلگەن. جىلىننىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇشتا مۇھىم باشلامچىلىق، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ يېڭى رايون يىرىك پىلان كۆرگەزمىخانىسىغا كېلىپ، يېڭى رايون قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

جەمئىي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىدىن 480نى، پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى «كىچىك گىگانت» كارخانىدىن 239نى يېتىلدۈردى، «جىلىن 1 ـ نومۇر» سۈنئىي ھەمراھى، ئۆستۈرگۈچى ھورمۇننى قايتا تەشكىللەش قاتارلىق دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يېتىلدۈردى؛ «ئۆلچەملىك جاي + ۋەدە بېرىش تۈزۈمى» ئىسلاھات تەدبىرىنى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويۇپ، «ئالدىنقى قاتاردىكى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىدىغان يېڭى 50 ماددا»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى... كۆرگەزمىخانىدا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولغان ئىسخېمىلىق سىن ۋە بىۋاسىتە كۆرگىلى بولىدىغان، ھېس قىلغىلى بولىدىغان يېڭىلىق يارىتىش مەھسۇلاتلىرى يېڭى رايون قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

«يېڭى رايوننىڭ تەرەققىياتى يەنىلا بىرقەدەر تېز، ماڭغان يولىمۇ توغرا بوپتۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، تىرىشىش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى: «يېڭى رايوننىڭ تەرەققىياتىدا، ئاچقۇچلۇقى ماھىيەتلىك مەزمۇنغا قاراش كېرەك، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك پىلانلاش ئالدىنقى شەرتتە، ئاچقۇچلۇقى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى پۇختا قىلىپ، تۈجۈپىلەشكەن، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكىللەندىكى تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم موتورىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك».

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق تەكرار تەكىتلىدى: چوقۇم ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئۇ جىلىننى سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئەلا، ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان تەرەققىيات يېڭى يولىدا مېڭىپ، يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

**(3) ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى**

خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى. بۇ نۇقتىغا باش شۇجى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى تەتقىق قىلىپ ئېچىش باش يۇرتىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا، نەق مەيداندا بۇ يىل ئەمدىلا ئوقۇش پۈتكۈزگەن بىرقانچە داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا ئۇلاردىن قەيەرنى پۈتكۈزگەنلىكىنى، كىرىمىنىڭ قانداقلىقىنى، ھازىرقى ئىش ئورنىدىن رازى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى.

كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: بۇ يىل 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى مۇشۇ قارارلاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 1100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەكلىپ قىلدى، مائاش سەۋىيەسى چاڭچۈن رايونىدا يەنىلا ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئاپتوموبىل ساھەسىدىمۇ ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كۆپچىلىككە مۇنۇلارنى دېدى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق كىشىلەر تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى خىزمەت ۋەزىپىسى قىلىپ، پائال شارائىت يارىتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ كەسىپ تاللاش قارىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئورنىنى تېپىپ، خىزمەتكە پۇختا كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)